ئاتۇش شەھەرلىك بازارنى نازارەت قىلىش باشقۇرۇش ئىدارىسى

# 2023-يىللىق سودا-سانائەت يىللىق مەلۇماتنى ۋاقتىدا ئېلان قىلىش توغرىسىدا شەھىرىمىزدىكى كەڭ بازار سۇبيېكتلىرىغا بىر پارچە خەت

شەھىرىمىزدىكى كەڭ كارخانا ، دېھقان ھەمكارلىق كوپېراتىپى، يەككە سودا-سانائەتچى تىجارەتچىلەر:

ياخشىمۇ سىلەر!

2014- يىلى 10- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلغان « كارخانا ئۇچۇرلىرىنى ئاشكارىلاش ۋاقىتلىق نىزامى» دا « كارخانا، ھەمكارلىق كوپېراتىپى، يەككە سودا- سانائەتچىلەر ھەر يىلى 1- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن 6-ئاينىڭ 30- كۈنىگىچە، دۆلەتنىڭ كارخانىلارنىڭ ئىناۋەت ئۇچۇرلىرىنى ئاشكارىلاش سىستېمىسى ئارقىلىق، ئالدىنقى بىر يىللىق دوكلاتنى يوللىشى ھەمدە جەمئىيەتكە ئېلان قىلىشى كېرەك» دەپ بەلگىلەنگەن . كۆپ يىللاردىن بۇيان، پۈتۈن شەھەردىكى كەڭ كارخانىلار، دېھقانلار ھەمكارلىق كوپېراتىپى، يەككە سودا - سانائەتچىلەر ۋە تىجارەتچىلەرنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا، شەھىرىمىز ھەر قايسى يىللىق مەلۇمات ئېلان قىلىش خىزمىتىنى بىر قەدەر ياخشى ھالدا تاماملىدۇق .

2023- يىللىق مەلۇماتنى ئاشكارىلاش خىزمىتى باشلاندى . 2023-يىلى 12-ئاينىڭ 31-كۈنىدىن بۇرۇن قۇرۇلغان تۇرلۇك بازار سۇبيېكتلىرى يىللىق تەكشۈرتۈشكە قاتنىشىشى كېرەك، تۇرلۇك بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ 2023 - يىللىق مەلۇماتنى ئاشكارىلاش خىزمىتى 2024 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلىنىپ,2024 - يىلى 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنىگىچە ئاخىرلىشىدۇ. ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكۈچە يىللىق مەلۇماتنى ئېلان قىلماي ياكى يىللىق مەلۇماتنى ساختىنا ئېلان قىلغان بازار سۇبيېكتى، بازارنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش تارمىقى تەرىپىدىن قانۇن بويىچە تىجارىتى بىنورمال تىزىملىككە كىرگۈزۈلىدۇ ياكى تىجارەت بىنورمال بەلگىسى قويۇلۇپ ئۆزىنىڭ ئىناۋىتىگە نورمال تىجارىتىگە پايدىسىز تەسىر ئېلىپ كېلىدۇ .شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا «بازار سۇبيېكتىنى تىزىملاپ باشقۇرۇش نىزامى» ۋە «يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسى» نىڭ 11 - باب 70 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، بازار سۇبيېكتى قانۇن، مەمۇريي نىزاملاردا بەلگىلەنگەن سۈرۈك ئىچىدە يىللىق دوكلاتنى ئېلان قىلمىغان ياكى يوللىمىغان بولسا، تىزىملاش ئورگىنى 10 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويىدۇ.شۇڭا، سىلەرنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن مەجبۇرىيىتىڭلارنى ھەقىقىي ئادا قىلىپ، «كارخانا ئۇچۇرلىرىنى ئاشكارىلاش ۋاقىتلىق نىزامى»، «يەككە سودا - سانائەتچىلەرنىڭ يىللىق دوكلاتىنى ئاشكارىلاش ۋاقىتلىق چارىسى»، «دېھقانلار كەسپىي كوپېراتىپلىرىنىڭ يىللىق دوكلاتىنى ئاشكارىلاش ۋاقىتلىق چارىسى» ۋە «بازار سۇبيېكتلىرىنى تىزىملاپ باشقۇرۇش نىزامى» قاتارلىق ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە ئەستايىدىل ئەمەل قىلىپ، يىللىق مەلۇماتنى ۋاقتىدا ئەينەن ئاشكارىلىشىڭلارنى سورايمىز.

ئۇنىڭدىن باشقا، تىجارىتى بىنورمال تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن ياكى تىجارەت نورمالسىزلىقى ھالىتىگە بەلگە قويۇلغان بازار سۇبيېكتى ۋە قانۇنغا ئېغىر دەرىجىدە خىلاپلىق قىلىپ لەۋزىدە تۇرمىغان كارخانىلار تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن كارخانىلارغا قارىتا ھەر دەرىجىلىك مەمۇريي ئورگانلار تىجارەت، مەبلەغ سېلىش، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش، ھۆكۈمەت تەمىنلىگەن يەرگە ئېرىشىش، ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىش، چېگرىدىن كىرىش - چىقىش، يېڭى شىركەتنى ئەنگە ئالدۇرۇش، خېرىدار چاقىرىش، ھۆكۈمەت تەرەپ مال سېتىۋېلىش، شان - شەرەپكە ئېرىشىش، بىخەتەرلىك ئىجازىتى، ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت ئىجازىتى، كەسپ بىلەن شۇغۇللىنىش سالاھىيىتى، سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش قاتارلىق خىزمەتلەردە قانۇن بويىچە چەكلەش ياكى مەنىي قىلىش قاتارلىق جازالاش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ .

ئادەم ئىشەنچ بولمىسا پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ، كارخانا ئىشەنچ بولمىسا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ، كەسپ ئىشەنچ بولمىسا گۈللەنمەيدۇ. پۈتۈن شەھەردىكى كەڭ كارخانىلار، دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرى، يەككە سودا - سانائەتچىلەرنىڭ تېخىمۇ ئاڭلىق ھالدا قانۇنغا رىئايە قىلىپ، سەمىمىي تىجارەت قىلىپ، چېك بالدۇر تۇتۇپ، 2023 - يىللىق مەلۇماتنى ۋاقتىدا ئېلان قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

سىزنىڭ بازارنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش خىزمىتىنى چۈشەنگىنىڭىزگە ۋە قوللىغىنىڭىزغا رەھمەت ئېيتىمىز، كۆپچىلىكنىڭ يېڭى بىر يىلدا ئۇلۇغۋار غايىسىنىڭ، ئىشلىرىنىڭ روناق تېپىشىنى، بەختلىك ، گۈزەل ئاتۇش قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن بىرلىكتە تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشىغا تىلەكداشمىز!

ئاتۇش شەھەرلىك بازارنى نازارەت قىلىش باشقۇرۇش ئىدارىسى

2024-يىلى 1-ئاي

http://nb.xjaic.gov.cn